سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق - تاشقىنلىق يىللىرى

# ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش

2002 - يىلى 11 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 16 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا 21 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 20 يىلىدا دۆلىتىمىزنى تۆۋەن سەۋىيەدىكى، ئومۇمىيۈزلۈك بولمىغان، تەرەققىيات ناھايىتى تەڭپۇڭ بولمىغان ھاللىق جەمئىيەتتىن 1 مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالىگە نەپ يەتكۈزىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ھاللىق جەمئىيەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1979 - يىلى، دېڭ شياۋپىڭ ياپونىيە باش ۋەزىرى داپىڭ جېڭفاڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، بىرىنچى قېتىم «ھاللىق ئائىلە» دېگەن تۆت خەت ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشانىنى تەسۋىرلىدى. 1982 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 12 - قۇرۇلتىيىدا 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1987 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 13 - قۇرۇلتىيىدا دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىدا ئومۇمىي جەھەتتىن ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش: بىرىنچى قەدەمدە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980 - يىلدىكىدىن بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ ئىككىنچى قەدەمدە، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى يەنە بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، 21 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى بىرقەدەر باياشات قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى «ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئالدىنقى ئىككى قەدەملىك نىشانىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇردۇق، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئومۇمىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيەگە يەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - قۇرۇلتىيىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش كۈرەش نىشانى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ دەل: دۆلىتىمىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 20 يىلىدا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 1 مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالىگە نەپ يەتكۈزىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ھاللىق جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ، ئىقتىسادنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېموكراتىيەنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش، پەن - مائارىپنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەدەنىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش، جەمئىيەتنى تېخىمۇ ئىناق قىلىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ھاللىق قىلىشتىن ئىبارەت.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانى، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن نىشان، ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم، زور.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# شەرقىي شىمال كونا سانائەت بازىسىنى گۈللەندۈرۈش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2003 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «شەرقىي شىمال رايونى قاتارلىق كونا سانائەت بازىلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر»نى رەسمىي بېسىپ تارقىتىپ، گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، شەرقىي شىمال كونا سانائەت بازىسىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بۇرغىسىنى چالدى.

شەرقىي شىمال رايونى قاتارلىق كونا سانائەت بازىلىرى يېڭى جۇڭگو سانائىتىنىڭ بۆشۈكى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كونا سانائەت بازىلىرىدىكى تۈزۈلمە خاراكتېرلىك، قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەتلەر كۆنسېرى گەۋدىلىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شەرقىي شىمال رايونى قاتارلىق كونا سانائەت بازىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا «شەرقىي شىمال رايونى قاتارلىق كونا سانائەت بازىلىرىنى تەڭشەش ۋە ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىشنى قوللاش» كېرەك، دەپ تەكىتلەندى. 2003 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ شەرقىي شىمال رايونى قاتارلىق كونا سانائەت بازىلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىرنى تارقىتىشى بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ رەسمىي يولغا قويۇلغانلىقىدىن دېرەك بەردى. 12 - ئايدا، گوۋۇيۈەن شەرقىي شىمال رايونى قاتارلىق كونا سانائەت بازىلىرىنى گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەركەز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرقىي شىمال رايونىدا بىر قاتار گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئېتىبار سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى، گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلدى.

تىرىشىش ئارقىلىق، شەرقىي شىمال رايونى قاتارلىق كونا سانائەت بازىلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىدە دەسلەپكى نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈرلەر ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق كونا كارخانىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى. بايلىق ئېچىش تولۇقلىمىسى مېخانىزمى ۋە خارابلاشقان كەسىپلەرگە ياردەم بېرىش مېخانىزمى كۆنسېرى شەكىللەندى. دۆلەت ئىگىلىكىنى ئىستراتېگىيەلىك تەڭشەش ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش قەدىمى تەدرىجىي تېزلەشتى. شەرقىي شىمال رايونىدا پەرقلىق تەرەققىي قىلدىغان، ھەمكارلىشىپ ئىش تەقسىم قىلىدىغان ياخشى سۈپەتلىك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

مۇشۇ ئاساستا، 2007 - يىلى 8 - ئايدا، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى جاۋاب بېرىشى بىلەن، «شەرقىي شىمال رايونىنى گۈللەندۈرۈش يىرىك پىلانى» ئېلان قىلىنىپ، ئون يىلدىن 15 يىلغىچە تىرىشىش ئارقىلىق شەرقىي شىمال رايونىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شەرقىي شىمال كونا سانائەت بازىلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئومۇمىي ۋەزىيىتى كۆزلەنگەن بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر بولۇپ، مەركەزنىڭ دېڭىز بويى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇش، پۇدۇڭ يېڭى رايونىنى ئېچىش ۋە غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشنى يولغا قويۇش ئىستراتېگىيەسىدىن كېيىن، رايون ئىقتىسادىنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىشتىكى يەنە بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرى.

# بورتالا ئوبلاستى: ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ ئارقىلىق تۈمەنلىگەن ئائىلىگە نەپ يەتكۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

داخېيەنزى بازارلىق 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، يۈرۈشلەشكەن سىنىپ، مەكتەپ ئوپتىك تالا تورى، مەكتەپ ئاشخانىسى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىكتە تاماملىدى ھەم «ئىمتىھانسىز مەكتەپكە كىرىش، يېقىن ئەتراپتا بولۇش، رايونغا ئايرىش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش» پىرىنسىپى بويىچە، مەكتەپ رايونىنى مۇۋاپىق ئايرىدى. 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، بۇ مەكتەپ رەسمىي ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۈرۈلدى.

ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى باش تېما تەربىيەسىدە ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يېتىشىپ ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئامما «مائارىپ دەۋا تەلىپى»نى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مائارىپ بايلىقى، تەرەققىياتى تەكشى بولماسلىق، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇن قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى رەتلەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەل قىلىپ، مائارىپ ساھەسى تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلىدى. مائارىپ تەرەققىيات كاپالەت فوندى تەسىس قىلىپ، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) ئىككى دەرىجىلىك مالىيەدىن ھەر يىلى 29 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىشنى بېكىتىپ، نۇقتىلىق ھالدا تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش، ئوقۇش - ئوقۇتۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش، ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پىلانىنى ئالغا سىلجىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مائارىپ بايلىقىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق سەپلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرۇش، تەڭشەشنى مۇقىم ئالغا سىلجىتىپ، رايون مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەكشى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى زېڭ جيەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بورتالا ئوبلاستى 40 مىليون يۈەن غەملەپ، يېڭىدىن ھۆكۈمەت يەسلىسىدىن ئىككىنى قۇردى، 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پۇقرالار ئاچقان يەسلىدىن ئۈچنى ھاۋالىلىك باشقۇرۇپ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق خاراكتېردىكى پۇقرالار ئاچقان يەسلى قىلىپ قۇرۇپ، 1456 بالىنى مەنپەئەتلەندۈرۈپ، ئاما ئىنكاس قىلغان بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرىشى تەس بولۇش، قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

باش تېما تەربىيەسىدە، بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئەلا ئوقۇغۇچىلار مەنبەسىنىڭ ئېقىپ كېتىشى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، بورتالا شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە باش ياچېيكىسى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدا «غوللۇق ئوقۇتقۇچىلار» تەربىيەلەش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەش نەپەر پارتىيەلىك ئوقۇتقۇچىنى خۇاجۇڭ سىفەن داشۆ قارىمىقىدىكى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ باش مەكتىپىگە ئىش ئورنىدا يېرىم يىل چېنىقىپ، رىقابەت ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىنى ئۆگىنىش، كۆزدىن كەچۈرۈشكە تاللاپ ئەۋەتتى، ئۇلار ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەكتەپنىڭ پەنلەر رىقابەت باش تىرېنېرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئەقىل كىرگۈزۈش ۋە ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش» تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىن پېنسىيەگە چىققان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىدىن 20نى تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇتۇش، ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلدۇردى. بۇ مەكتەپ پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: «مەكتىپىمىز ئۈچ يىل ئىچىدە مەكتەپتىكى ئوتتۇرا ياش، ياش ئوقۇتقۇچىلارنى ئىدىيەدە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، كەسىپتە كامالەتكە يەتكەن ئوقۇش - ئوقۇتۇش ماھىرى ياكى تايانچ پەن باشلامچىسى قىلىپ، مەكتەپنىڭ سىجىل ئەلا سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇشنى پىلانلىدى».

ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بېلىتى ھەقسىز، داۋالىنىشتا يېشىل كارىدوردىن بەھرىلىنىش، ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغاندا بىلەت كەچۈرۈم قىلىش... ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمناتىنى ئۆستۈرۈش، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان كەيپىياتنى يارىتىشنى چۆرىدەپ، بورتالا ئوبلاستى 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى باشلىنىشى بىلەنلا ئۆزگەرتىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇتقۇچىلارغا كۆپلىگەن «چوڭ سوۋغات» تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىقالايدىغان - چۈشەلەيدىغان، كىرەلەيدىغان - چىقالايدىغان رىقابەتلىك ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى باھالاش، سىناش تۈزۈمىنى تەدرىجىي ياخشىلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بورتالا ئوبلاستىدىكى 11 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىغا باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەيدىغان، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەيدىغان، مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان بۇرچ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، شەرەپ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن ھاياتىي كۈچ قوشتى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئاشۇردى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# سۈن رۈيلىن: خەۋپ - خەتەردىن قورقماي پىداكارلىق كۆرسىتىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چيۇ بىڭچىڭ)** ياڭجوۋ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قەھرىمان نەمۇنىچىلىرى رايونىدا سۈن رۈيلىننىڭ يېرىم بەدەن ھەيكىلى بار بولۇپ، چىرايىدىن جەسۇرلۇق، كەسكىنلىك، قەيسەرلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ھەيكەلنىڭ ئاستى قىسمىغا «ئىنقىلابىي قۇربان سۈن رۈيلىن» دېگەن خەت ھەم ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى ئويۇلغانىدى.


سۈن رۈيلىننىڭ سۈرىتى □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

سۈن رۈيلىن 1960 - يىلى جياڭسۇ خەنجياڭدا تۇغۇلغان، 1979 - يىلى جياڭسۇ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1981 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1989 - يىلى 11 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىلگىرى جياڭسۇ ئۆلكىسى خەنجياڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى، شۆبە ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغان.

1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، سۈن رۈيلىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى، جېنجياڭ شەھىرى دەنتۇ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خەنجياڭ ناھىيەسى (ھازىرقى خەنجياڭ رايونى) شىنبا يېزىسىدا 1991 - يىلى يۈزبەرگەن بىر قېتىملىق ئېغىر، زور ئوغرىلىق دېلوسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر يىپ ئۇچىنى بايقىغانىدى: جۇڭگو خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىقى لەنشىڭ خىمىيەلىك تازىلاش گۇرۇھى جېنجياڭ چەكلىك شىركىتى قەرزدار ئورۇن دەنتۇ ناھىيەسى (ھازىرقى دەنتۇ رايونى)دىكى بىر زاۋۇتقا بەرگەن 24 پارچە قىممىتى 28 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان بانكا ئامانەت پۇل تالونى دەل 1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى خەنجياڭ شىنبا گاز كىلاپانى زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىسى جۇ Xنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلانغاندىن كېيىن يىتكەنلىكى مەلۇم قىلىنغان بانكا ئامانەت پۇل تالونىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. لەنشىڭ شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ بىننىڭ دېلو سادىر قىلىش گۇمانى ناھايىتى چوڭ ئىدى. سۈن رۈيلىن دەرھال بەش كادىر - ساقچىنى ئاپتوموبىل بىلەن جېنجياڭ شەھىرىگە بېرىشقا تەشكىللەپ، دەنتۇ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى بىلەن دېلو ئەھۋالىنى ئۆزئارا مەلۇم قىلىپ، سوراق پىلانىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، دەرھال ۋاڭ بىننى قانۇن بويىچە چاقىرتىپ سوراق قىلىپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى.

ۋاڭ بىن ئامانەت پۇل تالونىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى، سوراق خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولمىدى. سۈن رۈيلىن قاتارلىق كادىر - ساقچىلار كېچىلەپ ۋاڭ بىن تۇرۇشلۇق شىركەتكە بېرىپ ئاختۇردى. ئاختۇرۇش جەريانىدا، ۋاڭ بىن قەستەن ۋاقىتنى كەينىگە سۆرەپ، كۆز بوياپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشقا ئۇرۇندى. كادىر ساقچىلار ئاخىر بىخەتەرلىك ئىشكاپىدىن ئامانەت پۇل تالونىنى ئاختۇرۇپ تاپتى، بۇ دەل ۋاڭ بىن يەنە بىر جىنايەتچى بىلەن خەنجياڭ شىنبادىكى جۇXنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىغان بىر قىسىم ئامانەت پۇل تالونى ئىدى.

ۋاڭ بىن جىنايىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تۇيۇقسىز تام تۈۋىدىن بەش كىلوگىرام گىدروفتور كىسلاتاسى قاچىلانغان سولياۋ تۇڭنى ئېلىپ، كادىر - ساقچىلارغا قارىتىپ چاچتى. جىنايەتچىنى توسۇش، سەپداشلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، سۈن رۈيلىن قىلچە ئىككىلەنمەستىن جىنايەتچىگە ئېتىلدى، بەختكە قارشى گىدروفتور كىسلاتاسى ئۇنىڭغا چاچراپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، جىنايەتچى بىلەن ئېلىشىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن جىنايەتچىنىڭ قولىدىكى سولياۋ تۇڭنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى. ۋاڭ بىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە ئىككىنچى تۇڭ گىدروفتور كىسلاتاسىنى ئېلىپ، گىدروفتور كىسلاتاسىنى چېچىپ يول ئېچىپ، ئىشىكتىن قېچىشقا ئۇرۇنغاندا، كادىر - ساقچىلار توسۇۋالدى. يولداشلىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن سۈن رۈيلىن بىر تەرەپتىن جىنايەتچى بىلەن سولياۋ تۇڭنى تالىشىپ، بىر تەرەپتىن يۇقىرى ئاۋازدا: «ئىشخانىدىن چېكىنىپ چىقىپ، كارىدور ئېغىزىنى توسۇڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا سۈن رۈيلىننىڭ يۈز تېرىسىنىڭ كۆپ قىسمى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، بويۇنى، كۆكرىكى ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ كەتكەنىدى، ئۇ ئەڭ ئاخىردا ئىشىك ئالدىغا چېكىنىپ كەلگەندە يەنە ئاجىز ئاۋازدا: «جىنايەتچى ئىچىدە، ئىشىكنى چىڭ توسۇپ، ئۇنى قاچۇرۇپ قويماڭلار» دېدى، پەلەمپەي ئېغىزىغا چېكىنىپ كەلگەندە، سۈن رۈيلىن قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، يەردە چېچىلىپ تۇرغان جىنايەت پاكىتلىرىنى ئېلىۋالدى. دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان سۈن رۈيلىن يەنىلا سەپداشلىرىدىن ئەنسىرەپ، سەپداشلىرىنىڭ يارىلىنىش ئەھۋالىنى سورىدى ھەم جىنايەتچىنىڭ تۇتۇلغان - تۇتۇلمىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلدى. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سەھەردە، سۈن رۈيلىن نەپەس يولى ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلەنگەن، يۈز قىسمى ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ يارىلانغان بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى. 1992 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى يولداش سۈن رۈيلىنغا 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ تولۇقلاپ نام بەردى.

كۆپ يىللاردىن كېيىن، سۈن رۈيلىننىڭ ئوغلى سۈن فېيخەن دادىسىنىڭ تاماملاپ بولالمىغان ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ياڭجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىقتىسادىي رازۋېدكا تارماق ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى بولدى. «كىچىك ۋاقتىمدا، مەن بىرمەھەل بەزىلەرنىڭ ماڭا ‹ساقچى› دېگەن سۆزنى قىلىشىدىن بەك قورقاتتىم، چۈنكى مېنىڭ گۈدەك قەلبىمدە دادامنىڭ قۇربان بولۇشىنى ساقچى دېگەن بۇ كەسىپتىن كۆرگەنىدىم. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، مەن دادامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ساقچى فورمىسى كىيىپ چۈشكەن سۈرەتلىرىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشقا باشلىدىم، بارا - بارا مەندە بىر جامائەت خەۋپسىزلىك جەڭچىسى بولۇش ئارزۇسى پەيدا بولدى».

مەيلى قايسى تۈرلۈك خىزمەت بولسۇن، سۈن فېيخەن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تېز سۈرئەتتە رولغا ماسلاشتى. ھەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىق ۋە بېسىمغا دۇچ كەلگەندە، ئۇ دادىسى ئىزچىل ئارقىسىدا ئۆزىگە جىمجىت «قاراپ» تۇرغاندەك ھېس قىلىپ، تېخىمۇ قەيسەر بولىدى. «20 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، بوغۇنكى كۈندە مەن دادامنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇرۇپ، ئۇ تاماملاپ بولالمىغان رازۋېدكا قىلىش ئارزۇسىدا چىڭ تۇرۇۋاتىمەن».

(بېشى 1 - بەتتە)

«گۈزەل شىنجاڭ. مېۋە ھىدى تارقىلىش» باش تېما قىلىنغان بۇ نۆۋەتلىك كۆرگەزمىنى دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش، «شىنجاڭ ياخشى جاي» «بىر بەلباغ، بىر يول» يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، «دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى» قاتارلىق ئامىللار تۈنجى قېتىم سىڭدۈرۈلۈپ، كۆرگەزمە تېخىمۇ دەۋر پۇرىقى ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنغان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇ خۇڭشىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ نۆۋەتلىك كۆرگەزمىدە «ئۈچ تۇنجى قېتىم» يارىتىلدى: تۇنجى قېتىم دۆلەت دەرىجىلىك ئورمانچىلىق نۇقتىلىق كۆرگەزمە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، تۇنجى قېتىم باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر كۆرگەزمىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندى، تۇنجى قېتىم 2019 - يىللىق جۇڭگو بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدىن ئىبارەت بۇ سۇپا ئارقىلىق ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرگە تەشۋىق قىلىندى، تونۇشتۇرۇلدى، كۆرگەزمىدە شىنجاڭ ۋە باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ خاس باغۋەنچىلىكى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆرگەزمە قىلىندى، «شىنجاڭ ياخشى جاي» ساياھەت داڭلىق ماركىسى ۋە شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى تولۇق نامايان قىلىنىپ، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇش قويۇقلاشتۇرۇلۇپ، كۆرگەزمىگە قاتناشقان خادىملار ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ يۈكسەك باھاسى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ، مۆلچەردىكى مەقسەت ۋە ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

تۇنجى نۆۋەتلىك كۆرگەزمىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ نۆۋەتلىك كۆرگەزمىنىڭ كۆرگەزمە رايونى كۆلىمى بىر ھەسسىگە يېقىن كېڭەيتىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 21 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، 470 كارخانا، ھەمكارلىق تەشكىلاتى 50 نەچچە تۈردىكى 700 خىل مەھسۇلاتنى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى ۋە ساتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېسىل مەھسۇلاتلار كۆرگەزمە رايونىدىلا 310 نەچچە خىل مەھسۇلات بار بولۇپ، سانى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

ئۆتكەن نۆۋەتلىك كۆرگەزمىدىكى پائالىيەت تۈرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش رايونى — قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تۆت مەيدان خاسلىققا ئىگە مەخسۇس مەيدان تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كۆرگەزمە مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى جۇڭگو شەھەر سودا تور نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش بىرلەشمىسى بىلەن ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمى ئىمزالاپ، شەھەر سودا بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك سېتىش تور نۇقتىسى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭ باغۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى.

شىنجاڭ خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى (گۇاڭجوۋ) يەرمەنكىسى 2009 - يىلدىن باشلاپ ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، 2018 - يىلى جۇڭگو شىنجاڭ خاس باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىگە ئۆستۈرۈلگەن، ئىلگىرىكى نۆۋەتلىك كۆرگەزمىلەردە جەمئىي ئىمزالانغان كېلىشىم سوممىسى 38 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، سېتىش سوممىسى 46 مىليون يۈەندىن ئاشقان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)